# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي 10

پەيشەنبە

维吾尔文 9 月10日

新疆日报网 : www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گازىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25180 - سان بۈگۈن 4 بەت


### شى جىنپىڭ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلدى. شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوبوروت سىستېمىسى خەلق ئىگىلىكىدە ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسىنىڭ قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئوبوروت يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبوروت ساھەسىدىكى تۈزۈمنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئۆلچەملىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، قاتناش - تىرانسپورت مىنىستىرلىقى، سودا مىنىستىرلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى، جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى بەرپا قىلىش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جەمئىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئوبوروت ئۈنۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئايلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەرەپ. يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوبوروت سىستېمىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى بىرلەشتۈرۈپ، سودا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىش تەقسىماتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، بايلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش بىلەن خەلقئارادىكى ئايلىنىشنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئۈنۈملۈك زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ تايانچ ئوبوروت تورى تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئوبوروت ساھەسىنىڭ يېڭى كەسىپ ھالىتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە

# شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى

### ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز تۆھپە يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** 36 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە «دەرس توختىسىمۇ ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق، ئوقۇتۇشنى توختاتماسلىق»تىن ئىبارەت ئىككى چەك سىپىدە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، 100 مىليونلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداپ، دۇنيادىكى ئەڭ زور كۆلەملىك تور مائارىپىغا تىرەك بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ چاۋشيەننىڭ ئالىي رەھبىرى جىن جېڭئۈنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئۈنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇرۇگۋاي زۇڭتۇڭى، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچتە ئۇرۇگۋاي زۇڭتۇڭى لاكاربى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۇرۇگۋاي جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ئەڭ بۇرۇن مەدەت بەرگەن ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىگەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگو تەرەپ ئۇرۇگۋاي خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ گېرمانىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، ياۋروپا كېڭەشنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيىن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو، گېرمانىيە، ياۋروپا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇچرىشىش سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

# شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى >> 3 - بەتتە

# جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرايلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا يېزىلغان ھال سوراش خېتى

**پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، مائارىپ خىزمەتچىلىرى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە:**

ئالتۇن كۈزنىڭ مەيىن شامىلىدا، ئوقۇتقۇچى ئەجرىنىڭ مېۋىسى ھەر تەرەپتە خۇش ھىد چاچتى. 36 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، مائارىپ خىزمەتچىلىرى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، شىنجاڭنىڭ ئىچكى - سىرتىدىكى مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ خىزمەتچىلەرگە بايراملىق سالام يوللايدۇ ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ! شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان جەمئىيەتتىكى ھەرساھەدىكى بارلىق زاتلارغا چىن قەلبىدىن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ!

مائارىپ دۆلەتنىڭ زور پىلانى، پارتىيەنىڭ زور پىلانى، ئوقۇتقۇچىلار مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مەنبەسى. ئۇزاقتىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەرسخانا مۇنبىرىنى چىڭ ساقلاپ، توغراق روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ بىرلىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، 2020 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت - سودا يەرمەنكىسى يەر شارىۋى مۇلازىمەت - سودا باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىگەنلىكى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىغانلىقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ تەلتۆكۈس

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 95 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 95 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق نىزام چىقىرىش خىزمىتى پىلانى»نى تەڭشەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئائىلە، مەھەللە، ئاپپاراتلار ‹ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان› كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايون 36 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون 36 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)